UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

08.11.2020 – 16.11.2020

تەييارلىغۇچىلار : نىجات تۇرغۇن
: م. تەڭرىقۇت
: مۇھەممەد ئەلى

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسبان

6 - سان
17/11/2020

https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا- خىتاي ھەپتىلىك مۇناسىۋىتى ھەپتىلىك دوكلاتى

## 15.11.2020 - 09.11.2020

**تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت**

ئامېرىكادىن Pfizer ۋە گېرمانىيەدىن Biontech شىركەتلىرى بىرلىشىپ ۋۇخەن ۋىرۇسىغا 90% ئۈنۈمى بولىدىغان ۋاكسىنىنى ئىشلەپچىقاردى.[1] (گېرمانىيەتەرەپ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى تۈركىيەدىن گېرمانىيەگە كۆچۈپ بارغان تۈرك) ۋاكسىنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغان بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ساغلاملىق كومىسسارى كىرىياكىدىس خانىم ياۋروپانىڭ ئەڭ باشتا 300 مىليون ۋاكسىنا سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[2] بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرازىلىيە خىتاينىڭ ۋاكسىنىسى ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنى خەلققە سىناق قىلىشنى توختاتقان.[3]

خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ۋۇخەن ۋىرۇسى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاسىيادا كۈچ

[1] “Pfizer and BioNTech Announce Vaccine Candidate Against COVID-19 Achieved Success in First Interim Analysis from Phase 3 Study”, Pfizer, 09.11.2020
https://www.pfizer.com/news/press-release/press-release-detail/pfizer-and-biontech-announce-vaccine-candidate-against

[2] “Coronavirus: EU buys 300m doses of BioNTech-Pfizer vaccine”, BBC, 12.11.2020
https://www.bbc.com/news/world-europe-54902056

[3] 3 Sui-Lee Wee and Ernesto Londoño, “In Brazil’s Halt of Chinese Vaccine Trial, Critics See Politics” , New York Times, 10.11.2020
https://www.nytimes.com/2020/11/10/world/asia/brazil-china-vaccine-covid19.html?auth=login-google

كۆرسىتىۋاتقان بىر مەزگىلدە، بايدېن ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە ۋە كورىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئامېرىكا ۋاقتى چارشەنبە كۈنى سۆزلەشكەن ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقى ۋە ئىككى تەرەپلىك ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە ھۇجۇمغا ئۇچرىشىغا ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن. گەرچە خىتاينىڭ ئىسمى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ياپونىيە باش مىنىستىرى سۇگا بايدېن تىلغا ئالغان ئوباما دەۋرىدە تۈزۈلگەن ۋە بايدېن بۇ قېتىم سادىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان Article 5 نىڭ سىنكاكۇ ئارىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. [4]

نۇرغۇنلىغان ياۋروپا رەھبەرلىرى بايدېن بىلەن يېڭىچە مۇناسىۋەت ۋە يېڭىچە دەۋرنى باشلاشنى ئۈمىد قىلماقتا. لېكىن ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئامېرىكا بىلەن سەركە ۋە پادا مۇناسىۋىتى ئەمەس بەلكى باراۋەر دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى قۇرۇشنى خالايدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ترامپتىن كېيىن ئامېرىكا خەلقى يەنىلا ئىككى قۇتۇپلاشقان ھالىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ بۇ ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاق تەشكىللەش قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشقا نىسبەتەن بىر خىرىس پەيدا قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا تەرەپمۇ گەرچە ئامېرىكا بىلەن يېڭىچە مۇناسىۋەتنى باشلاش ئۈچۈن تەقەززا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، گېرمانىيەلىك ئانالىزچى كىرىستوف ۋون مارشال، ئامېرىكىدا پرېزىدېنت ئالماشتى دەپ پۈتۈن ئۈمىدنى ئۇنىڭغا باغلىۋېتىش توغرا ئەمەس، ياۋروپا تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە سىياسىتىنى ئامېرىكا تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك دەپ قارايدىغانلىقىنى

[4] Simon Danyer and Eva Dou, “Biden vows to defend U.S. allies as China asserts power in Asia”,Washington Post, 12.12.2020
https://www.washingtonpost.com/world/asia_pacific/biden-china-japan-korea-allies/2020/11/12/6cf6e212-24af-11eb-9c4a-0dc6242c4814_story.html

ۋە بۇ ھەقتە گېرمانىيەنىڭ پىلانى بار دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئامېرىكىلىق ئانالىزچى جېمىي فلاي بايدېننىڭ گېرمانىيە ۋە ياۋروپادىن خىتايغا قارشى تۇرۇشتا كۆپرەك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى بايدېن ترامپنىڭ خىتاي سىياسىتىنى باشقىچە ئۇسۇل قوللانسىمۇ يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. كىرستوق بولسا، كېيىنكى يىلى گېرمانىيەدە سايلام بولىدىغانلىقى ۋە مېركېلنىڭ ئورنىغا كېلىدىغانلارنىڭ خىتايغا قارىتا بەكرەك تەنقىد قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا تەرەپ مۇناسىۋىتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ۋە قىممەت قاراشلار ئۈچۈن خىتاي ۋە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەردە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلالىشى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

DW نىڭ يۇقارقى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىگە قارىغاندا، بايدېننىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى دۆلەت ئىچى سىياسىتى ۋە ئامېرىكىدىكى ۋۇخەن ۋىرۇسىنى ھەل قىلىش بولسا، بىرىنچى تاشقى سىياسەت مەسىلىسى بولسا يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئورتاق قارىشىچە، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش مەسىلىسىدە خىتاينى يېنىغا تارتماي تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغىمۇ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئارتماي تۇرۇپ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى خىتاي دۇنيادىكى مۇھىتقا ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان دۆلەت. جېمىي فلاي بۇ ھەقتە خىتاينىڭ بايدېن بىلەن بۇ مەسىلىنى تۆت يىل مۇزاكىرە قىلىشنى بەكمۇ خالايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ مەسىلىنى مۇنازىرىلىششىنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلار ۋە خۇڭكوڭلۇقلارغا قىلغان زۇلۇمىنى يوشۇرۇشى ۋە يۇقىرى پەن- تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ غەرب دېموكراتىيەسىگە سىڭىپ كىرىشى ياكى بۇ كېلىشىمنى بىرىنچى ئورۇنغا چىقىرىپ تالاش- تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا قىلغان زۇلۇملىرى

ھەققىدىكى مۇنازىرىنى ئىككىنچى ئورۇنغا ئىتتىرىپ قويۇش ئۈچۈن، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى مەسىلىسىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇۋېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[5]

مايىك پومپېئو پەيشەنبە كۈنى Hugh Hewitt Show رادىئوسىنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇنىڭدىن ئامېرىكانىڭ تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خىتايدىن كېلىۋاتقان «ئەگەر كېرەك بولسا، تەيۋەننى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم» دېگەندەك مەزمۇندىكى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رادىكال تەھدىتلەرگە قارىتا نېمە دەيدىغانلىقى ۋە ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە بەرگەن بىخەتەرلىك كاپالىتى ھەققىدە سوئال سورالغان. ئۇ بۇنىڭغا قارىتا « تەيۋەن خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، بىز تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى رېگان ھۆكۈمىتى ـ 1982 يىلى تەيۋەن بىلەن ئىمزالىغان بىخەتەرلىك كېلىشىمىنىڭ روھى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز ۋە قورال سېتىپ بېرىشىمىزمۇ بۇ كېلىشىم سەۋەبىدىن » دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە تەيۋەننى دۇنيادىكى دېموكراتىيەنىڭ ئۆرنىكى دەپ ماختىغان. تەيۋەن پرېزىدېنت ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى جاڭ دۈنخەن ـ 13 نويابىر كۈنى تەيۋەننىڭ 23 مىلىيون نوپۇسلۇق مۇستەقىل بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. تاشقى ئىشلار باياناتچىسى ئوۋ جياگۈئەن بولسا «تەيۋەن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت، ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس ۋە بۇ بىر پاكىت» دېگەن.[6]

بۇنىڭغا قارىتا خىتاي تەرەپ تاشقى ئىشلار باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن تەيۋەننىڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ۋە پومپېئونىڭ

[5] To the point, “Diplomacy post-Trump: Will Biden make the world a better place?” DW, 12.21.2020
https://www.youtube.com/watch?v=bRyYqyYkQxY
[6] “Taiwan not part of China, Pompeo says”, Taipei Times,14.11.2020
https://taipeitimes.com/News/front/archives/2020/11/14/2003746883

باياناتىنىڭ ئامېرىكا- خىتاي مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يىرىكلىشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە پومپېئو ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ خىتاينىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششلىرىنىڭ خىتاي تەرەپنىڭ قەتئىي ۋە كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. [7]

خىتاي يەر شارى ۋاقىت تور بېتىنىڭ خەۋىرىدە، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقىياقى يولغا قويغان تەيۋەنگە زور مىقداردا قورال سېتىپ بېرىش، ئامېرىكا مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ خىتاي ھەربىي ساھەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 31 شىركەتكە بولغان مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىشى ۋە تەيۋەننىڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىشى قاتارلىق قاتتىق قول سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ مېڭىشىنى، يېقىندا دۆلەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بايدېن ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى زەھەرلەش ۋە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ «ناچار» سىياسىتىنى مىراس قالدۇرۇشنى مەقسەد قىلغان دېيىلگەن. خىتاي ۋېيبودىن ئىسىملىك خىتاي تەھلىلچى ترامپ نېمىلا قىلسۇن، بايدېن ۋاقتى كەلگەندە خۇددى ئوبامانىڭ سىياسىتى ترامپ كەلگەندە بىكار قىلىنغاندەك، بۇلارنىمۇ بىكار قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەن. خىتاي مۇتەخەسسىسلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى ساراڭلىقى» دەپ ئاتىغان.

خىتاي ئانالىزچىلار ، بۇ سىياسەتلەر ئارقىلىق ترامپ ھۆكۈمىتى بايدېن ئۈچۈن خىتايغا قاراتقان سىياسەتنى يۇمشىتىش مەسىلىسىدە ھېچقانداق بوشلۇق قويۇپ قويماسلىق ۋە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكادىكى «بۈركۈت سىياسەتچىلىرى» ( قاتتىق قوللار) نىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش دەپ قارىغان.[8]

[7] Siu Tyrone, “China warns of action after Pompeo says Taiwan not part of China”, Reuters, 13.11.2020
https://mobile.reuters.com/article/amp/idUSKBN27T0XM?il=0&__twitter_impression=true
[8] Liu Xin, Yang Sheng and Zhang Dan, “Trump admin ramps up pressure on China to limit

ئامېرىكا تەرەپ جۈمە كۈنى ياپونىيە ۋە كورىيە تەرەپنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتىگە قارشى گەپ قىلىشقا چاقىرىق قىلغان. ئامېرىكا تەرەپ ۋەكىلى مارك نەپپېر يەنە كورىيە، ياپونىيە، تەيۋەن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ ۋە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى خىتاي تەرەپتىن قوغدىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ بۇنىڭ بىر بۇيرۇق ئەمەس بەلكى بىر تەلەپ ۋە ئۈمىد ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۆزلىرىگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ۋە خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى ئۇلار قارشى تۇرمىسا ھېچكىمنىڭ بۇ قىممەت قاراشلارنى قوغدىيالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[9]

يېڭى ئامېرىكا بىخەتەرلىك مەركىزى (The Center for a New American Security) ئامېرىكىنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە « ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان بىخەتەرلىك پروگراممىسى» دەپ ئاتالغان يېڭى بىر پىلاننىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئىستراتېگىيەنى تۈزۈشكە قاتناشقان تەتقىقاتچى كارىسا نىيچەنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ پىلاننىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى:

1. ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش. ئۇ، خىتاي بىلەن بولغان چوڭ كۈچلەر رىقابىتىدە يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ ياۋروپا بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئىكەنلىكى، ئامېرىكىنىڭ ئۆتكەن تۆت يىلدا خىتاي بىلەن

---

Biden's policy space", Global Times, 13.11.2020
https://www.globaltimes.cn/content/1206773.shtml

[9] "U.S. urges Japan and South Korea to speak out on China", The Japan Times, 14.11.2020
https://www.japantimes.co.jp/news/2020/11/14/national/politics-diplomacy/us-japan-south-korea-china/

يالغۇز رىقابەتلىشىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن (گەرچە سىياسەت جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىسىمۇ)، بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ۋە مانا بۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

2. كارىسسانىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ پىلاندا يەنە خىتايغا قارىتا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللارنىڭ ئېكسپورتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، يەنە تەيۋەن ، كورىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ ھەمكارلىق ئورنىتىلىشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان.

3. تېخىمۇ كۆپ ئىتتىپاقداشلارنى قارشى ئېلىش. خىتايغا قارشى 77 دېموكراتىك دۆلەتنى يېنىغا تارتىشقا تىرىشىش.

4.خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى. كارىسسا ۋىرۇسنىڭ خىتاينىڭ ھەقىقىي پىلانلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى، ياۋروپابىلەن ئامېرىكىنىڭ ئورتاق تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، شۇڭا بۇنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن.[10]

يېڭى پرېزىدېنت سابىق پرېزىدېنت ئوباماغا ئوخشاش خىتايغا نىسبەتەن ئىجابىي چۈشەنچىدە بولمايدۇ، ياۋروپا ئۆزىنىڭ خىتايغا بولغان مەيدانىنى ئېنىق قىلىشى لازىم. كىشىلەر ترامپنى ياخشى كۆرسۇن ياكى ئۆچ كۆرسۇن، ترامپ ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن ۋە چوڭ جەھەتتىن ئۆزگىرىشىنى قوزغىدى. بايدىن ھۆكۈمىتى ترامپ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقارغان خىتاي تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتلەرگە قارشى تەدبىر قوللىنىش سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. بايدىن خىتاي بىلەن ئىدىئولوگىيە ۋە قىممەت قاراش رىقابىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. بايدىن ئۇيغۇرلار ۋە خوڭكوڭلۇقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسىي مەسىلىنى خىتاي سىياسىتىنىڭ ئەڭ

[10] Beatrix Haddon, “Coordinating with transatlantic allies to compete with China”, Government Matters, 09.11.2020
https://govmatters.tv/coordinating-with-transatlantic-allies-to-compete-with-china/

بېشىغا ۋە مەركىزىگە قويىدۇ.[11]

## ھەپتىلىك خەۋەر ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز ۋە تەكلىپ – تەۋسىيەلەر

بۇ ھەپتىلىك ئامېرىكا- خىتاي ئۆتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. بىرى ئامېرىكا ۋە بىرى گېرمانىيەنىڭ بولغان ئىككى شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋاكسىنانى ياساپ چىقىشى.
2. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قانداق سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئانالىزلار
3. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوچۇق ئاشكارا ھالدا تەيۋەننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ تىلغا ئېلىشى
4. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەرقانداق مەبلىغىنىڭ خىتاي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ كونتروللىقىدىكى 31 شىركەتكە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىشى
5. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ كورىيە ۋە ياپونىيەنى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىس ھەققىدە خىتايغا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشى

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋاكسىنىنىڭ ئەڭ باشتا خىتايدا ئەمەس گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىقىدا، يەنى دېموكراتىك غەربنىڭ قولىدا چىقىشى ئالاھىدە مۇھىم

[11] François Chimits, “Trump loses, Biden wins – and Xi remains on notice”, Merics, 12.11.2020
https://merics.org/en/opinion/trump-loses-biden-wins-and-xi-remains-notice

ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىر يىلدىن بېرى پۈتۈن دۇنيا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر ۋە دۆلەتلەر خىتاي ھەممىدىن بۇرۇن ياساپ چىقىدۇ دەپ قارىشاتتى. چۈنكى دۇنيادا غەربنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقى ۋە ئەكسىچە خىتاينىڭ پەن تېخنىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ساھەدە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك بىر چۈشەنچە بار ئىدى. لېكىن، بۇ ۋاكسىنىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق غەرب دۇنياغا پەن - تېخنىكا جەھەتتە يەنىلا دۇنيانىڭ لىدېرى ئىكەنلىكىنى، دۇنياۋى كرىزىسلارنى ھەل قىلىشتا خىتاي قاتارلىق شەخسنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى چەكلەپ، ھاكىمىيەت ھەممە ئىشتا يول خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىدىغان دىكتاتور دۆلەتلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىكى قولىغا تۇتقۇزۇلغان شەخسنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشىنىدىغان دېموكراتىك دۆلەت ۋە تۈزۈمنىڭ ئەسقاتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ خىتاينىڭ ۋىرۇس يېيىلغاندىن بۇيانقى دۇنياۋى لىدېرلىق ئىددىئاسى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن كەلگۈسىنىڭ لىدېرى دەپ قارىلىشىغا زور دەرىجىدە زەربە بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاكسىنىنىڭ ياسىلىشى دۇنيا سىياسىتىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، تەيۋەننىڭ مۇستەقىل دۆلەت دەپ تىلغا ئېلىنىشى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ يەنە خىتاينىڭ 31 شىركىتىگە مەبلەغ سېلىشنى چەكلىشى ۋە كورىيە بىلەن ياپونىيەنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانلىق پاجىئەسى ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئىپادە بىلدۈرۈشكە ۋە بېسىم قىلىشقا چاقىرىشى، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالىدىغان بايدىن ھۆكۈمىتىگە خىتاي سىياسىتىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بېرىشى ۋە يول كۆرسىتىشى ھەتتا بۇ سىياسەتلەرگە مەجبۇرلىشى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بايدىن ۋە دۇنياغا ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىتايغا قاتتىق قول بولۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكى ۋە ھەقىقىي تەھدىتنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىلدۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بايدىننىڭ خىتايغا قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقى بىر ئايدىن بۇيان قىزىق نۇقتا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئاساسەن ھەممە مۇتەخەسسىسلەر بايدىننىڭ ترامپنىڭ سىياسىتىنى چوڭ جەھەتتىن ئۆزگەرتمەي ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاق قاراشتا. شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئامېرىكانىڭ پۈتۈن ئىتتىپاقداشلىرى بايدىندىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتمەكتە، بولۇپمۇ ياۋروپا، چۈنكى ھەقىقەتەن ياۋروپالىق مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقاندەك، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقلاشماي تۇرۇپ، ۋىرۇس، ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە خىتايدىن كېلىدىغان ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە، بايدىن ترامپقا قارىغاندا كۆپ ئىجابىي سىگناللارنى بەرمەكتە.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر

بۇ قېتىم DW دا تىلغا ئېلىنغان «خىتاينىڭ بايدىن بىلەن يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش مەسىلىسىنى ئاساسىي مەسىلە قىلىپ ۋە بۇنىڭغا قىزىققاندەك كۆرۈنۈش بېرىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان قەبىھ سىياسىتىنى يوشۇرۇشى ۋە ياكى ئىككىنچى ئورۇنغا ئىتتىرىپ قويۇش ئېھتىماللىقى» نى ھەرگىزمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئىشەنچلىك دەلىل ئىسپاتلىرىنى ھازىردىن باشلاپ توپلاپ، دۇنيانىڭ چوڭ مەسىلىسىنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار ۋە پىداكارلار ئۈچۈن خەلقئارا سەۋىيەدە دەلىل توپلاش، دوكلات يېزىش ۋە لوبىيچىلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۇرسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بۇ خىل كۇرسنىڭ ئامال بار كەسپىي خادىملار تەرىپىدىن بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## ختاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
## 08.11.20-15.11.20
## تەييارلىغۇچى: نىجات تۇرغۇن

1. ئاۋستىرالىيەنىڭ ختاينىڭ ئۇرۇش نىشانىغا ئايلىنىشى داۋاملىق تۈردە ئېشىپ بارماقتا. ئاۋستىرالىيەگە چېكىدىن ئاشقان تىجارەت تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ختاي يېقىنقى ئالتە ئايدا ئاۋستىرالىيەدىن ئىمپورت قىلىدىغان يەتتە تۈرلۈك مەھسۇلاتقا چەكلىمە قويغان. ختاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى سىياسى سەۋەبتىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاۋستىراليە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يىل 4 ـ ئايدىكى 19 ـ COVIDنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدىكى مۇستەقىل تەكشۈرۈش چاقىرىقىدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تەدرىجى يىرىكلىشىشكە باشلىغان ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

ختاينىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىقتىسادى كۈچى ۋە تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىشى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ختاينىڭ بۇ قېتىمقى ئاۋستىرالىيەگە قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىمپورت چەكلىمىسى ختاينىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان «قوش ئوبوروت (Dual Circulation)» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق چەتئەل مەھسۇلاتلىرىنى ختاي بازىرىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ختاينىڭ چەتئەل بازىرى ۋە تېخنولوگىيەسىگە بولغان تايىنىشچانلىقنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

2. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياندىكى دۆلەتلەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سودا

كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى 10 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خىتاي، ياپونىيە، كورىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 15 دۆلەتنىڭ ئورتاق ماقۇللىقى بىلەن رايونلۇق ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادى شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئىمزالانغان بولۇپ، خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئۈمىد ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە كۆپ تەرەپلىملىك دۇنيا سىستېمىسىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكى، بۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆلىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سودا مەكتىپىنىڭ سودا مۇتەخەسسىسى Alexander Capri «بۇ كېلىشىم خىتاينىڭ تېخىمۇ كەڭ رايونلۇق جۇغراپىيەلىك سىياسى ئارزۇسىنى يېڭى يېپەك يولى تەشەببۇسىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇستەھكەملەيدۇ» دېدى.

**مۇلاھىزە:**

بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئامېرىكانىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى كۈچى ئاجىزلىشى ۋە خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادى ۋە تىجارى تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىشى مۇمكىن. ترامپنىڭ ئوباما يولغا قويغان TPP دىن چىقىپ كېتىشى بىلەن شەكىللەنگەن بۇ بوشلۇقنىڭ خىتاي تەرىپىدىن تولدۇرۇلۇشى ئامېرىكا ئۈچۈن ياخشى بولمىغان بىر ۋەزىيەت ياراتتى. يېڭى پرېزىدېنت بايدىننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالاقىدار سىياسەتتە بولىدىغانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ قانۇنىي ھالدا ئەمەلىيلىشىپ، ئىجرا قىلىنىشىغا يەنە بىر نەچچە يىل كېتىش ئېھتىمالى بار بولۇپ، دۆلەتلەر تېخى رەسمىي ئىمزا قويۇپ، كېلىشىمنى قانۇنىي باشلىنىش كۈچىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئۇندىن باشقا بۇ رايوندىكى ھىندىستان بۇ كېلىشىمگە قاتناشمىغان بولۇپ، بۇ ھىندىستاننىڭ شەرققە يۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى بۇ كېلىشىم ئىچىدە ئىجرا قىلىشنى توغرا كۆرمىگەنلىكى ۋە بۇ كېلىشىمنى ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يىرىكلىكنى

ھەل قىلىشقا يېتەرلىك دەپ قارىمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن.

3. بايدىن ياۋروپا بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ؟ بايدىننىڭ پرېزىدېنتلىقى بەلكىم ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ترامپقا قارىغاندا خىتايغا تېخىمۇ كۆپ ئورتاق پوزىتسىيە تۇتۇشىنى نىشان قىلىشى مۇمكىن. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسەت مەسئۇلى Josep Borrell: «بايدىننىڭ دەۋرىدە ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا خىتايغا قارىتا ئورتاق بىر يېقىن ھەمكارلىق شەكىللەندۈرۈشى ۋە خىتايغا قارىتا بىر ئورتاق بىرلىك مەيدانى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن» دېدى. Mercato ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاي تەتقىقاتچىسى Lucrezia Poggetti: «ياۋروپا خىتاي توغرىسىدا ئامېرىكا بىلەن ئالىلقاچان نۇرغۇن ئورتاق قاراشقا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئادالەتسىز سودا ئادىتى، خەۋپسىزلىك، كۆنسىرى كۆچىيىۋاتقان مۇستەبىت كۈچنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىن خەلقارا تەرتىپكە ئەكىلىۋاتقان خىرىسلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا بايدىن كۆپ تەرەپلىمىلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئامېرىكا ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى يېڭىلاپ، خەلقارادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلىسە، خىتايغا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتماقچى بولغان باشقا دۆلەتلەرگە جاسارەت بېرىدۇ» دېدى.

## مۇلاھىزە:

ترانسئاتلانتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايغا قارشى تۇرۇشتا يالغۇز قالماسلىقى، بەلكى ئامېرىكا بىلەن ئورتاق بىرلىك ھاسىل قىلغان بىر سىياسەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق بىر ئورتاق سىياسەت ئېلىپ بېرىشقا بەزىدە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقى ياۋروپادىكى تەسىرىنىڭ توسالغۇ بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار.

# تەۋسىيەلەر

بايدېننىڭ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىدە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇشى ۋە ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن خىتايغا قارشى ئورتاق بىر بىرلىك ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋالدا ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان دۆلەتلەردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ ھەمكارلىقلار يارىتىدىغان پۇرسەتلەرگە دىققەت قىلىشى ۋە چىڭ تۇتۇشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردە شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئېيتقاندەك «پائالىيەت قىلىشتىن سىياسەت قىلىشقا ئۆتۈش» زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىدۇ. تەشكىلاتلار بۇ زۆرۈرىيەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك شارائىتلارنى تېزدىن ھازىرلىشى لازىم.

## خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى

## 2020 .11 09- 16 .11.2020

## تەييارلىغۇچى: مەمەتئېلى

**1. خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شياڭگاڭ قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ تۆت پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى.**

خىتاي شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ھۆكۈمىتى، خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شياڭگاڭ قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ تۆت ئەزاسىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانلىق قارارىنى ئېلان قىلدى. [12]

خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىدا ياڭ يۆچياۋ قاتارلىق تۆت ئەزا، شياڭگاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىش، خىتاينىڭ شياڭگاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ قارارىدىن كېيىن ، شياڭگاڭ قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىدىكى دېموكراتچىل ئەزالار بىرلىكتە ئىستېپا بېرىپ خىتاي مەركەز ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى[13]. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ

[12] <香港特区政府宣布4名反对派立法会议员丧失议员资格>、新华网、 2020年11月11日、 http://www.xinhuanet.com/2020-11/11/c_1126726078.htm
[13] <香港立法会：中国人大常委会决议打击民主派 四议员即时撤职 民主派集体

1984 ـ يىلى ئىمزالانغان ئەنگلىيە ـ خىتاي «بىرلەشمە باياناتى»غا خىلاپلىق قىلغانلىقى، بۇنىڭ خىتاينىڭ 3 ـ قېتىم بۇ بىرلەشمە باياناتقا خىلاپلىق قىلىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى[14].

بۇ خىتاينىڭ بۇ يىل 6 ـ ئايدا «شياڭگاڭ دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىنكى شياڭگاڭ ھەققىدە چىقارغان ئەڭ غۇلغۇلا قوزغىغان قارارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى قېتىملىق دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى خەلقئارادا نۇرغۇن تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ خىتاي نېمە ئۈچۈن يەنە بۇنداق تالاش ـ تارتىش چىقىرىدىغان قارار ئالىدۇ؟ بۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1) دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خىتاينىڭ ھازىرقى ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر باسقۇچتا. خىتاي ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان مەزگىلدە خىتاينىڭ مەيداندىن ئېيتقاندا، شياڭگاڭدىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىق ۋە شياڭگاڭنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتى، شياڭگاڭنىڭ دېموكراتىك ئاتموسفېراسى قاتارلىقلار خىتاي ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ كۆرۈلىدۇ. بۇ تەھدىتنى يوق قىلىش خىتاي دۆلىتى ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.

2) شى جىنپىڭ ۋە خىتاينىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان يۇقىرى بېسىم سىياسىتى. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ماۋ بولۇش خىيالى ۋە

辞任抗议>、 *BBC*、 2020年11月11日、 https://www.bbc.com/zhongwen/simp/chinese-news-54884224

[14] "**Foreign Secretary declares breach of Sino-British Joint Declaration**", GOV.UK, 12.11.2020, https://www.gov.uk/government/news/foreign-secretary-declares-breach-of-sino-british-joint-declaration

خىتاينى دۇنيانىڭ جاھانگىر دۆلىتى قىلىش خىيالى بار ئىدى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە تارىختا ماۋ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن« شياڭگاڭنى خىتايلاشتۇرۇش» ۋە تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، شى جىنپىڭدەك دىكتاتورلارنىڭ ئازراق ئوخشىماسلىقلا، قارشى پىكىرگە تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، خىتاي ئىچىدىكى بارلىق قارشى پىكىرلەرنى ۋە خىتاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن «توسالغۇ» بولىدىغان پۈتۈن ئۇنسۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قاتتىق بېسىم سىياستى ئېلىپ باردى. شياڭگاڭدىكى بۇ قەدەملىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى قاتارلىقلار بۇ «توسالغۇلار»نى يوقىتىشنىڭ بىر قەدىمى ئىدى.

3) ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ شياڭگاڭ ھەققىدىكى بۇ قەدەملىرى يەنى« شياڭگاڭنى خىتايلاشتۇرۇش» قەدىمىنى بۇرۇنلا بار پىلان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، گەرچە شياڭگاڭنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن پەرقلىق قانۇن تۈزۈم ۋە ئالاھىدە ئورنى، خىتايغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇن پايدىلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئىزچىل بېيجىڭ تەرىپىدىن تەھدىت بولۇپ كۆرۈلمەكتە ئىدى. بېيجىڭنىڭ مەيداندىن ئېيتقاندا، شياڭگاڭنىڭ خىتاي ۋە ئاسىيا پۇل-مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ ئاجىزلىششى بىلەن ،شياڭگاڭنىڭ خىتايغا ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي پايدىسىغا قارىغاندا دۆلەت بىختەرلىكىگە بولغان يوشۇرۇن خەۋپى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. شۇڭا «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم » سىياسىتىنى «بىر دۆلەتتە بىر خىل تۈزۈم»گە ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. بولۇپمۇ -2019 يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلانغان كەڭ كۆلەملىك نامايىش بېيجىڭنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولدى.

4) خىتاي ۋىرۇسى ۋە ئامېرىكا- ياۋروپا مۇناسىۋىتى- - پۈتۈن دۇنيا خىتاي ۋىرۇسى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، باشقا ئىشلارغا ئارىلىششقا ئانچە كۆپ مادارى ۋە ۋاقتى يوق بۇ پەيت خىتاي ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ترامپ پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن ئامېرىكانىڭ دۇنيا سەھنىسىدىن

چېكىنىشكە قاراپ قەدەم ئېلىشى ۋە ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشى قاتارلىق ئامىللارمۇ خىتاينىڭ بۇنداق بىر قەدەم ئېلىشىغا پۇرسەت بەردى دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى، شىياڭگاڭ ۋەزىيىتى ، جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى ۋە بۇ يىلقى خىتاي ۋىرۇسى خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنىڭ ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولغان،خەلقئارادا نۇرغۇن تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خۇددى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى مەسىلىسىدەك، خەلقئارا جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار ،بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرى شىياڭگاڭ ۋەزىيىتىگە قارىتا بىرلىكتە ئۈنلۈك ، ئەمەلىي بىر قەدەم ئالالمىدى، ئەنگلىيەمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىنكاس بىلدۈرەلمىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا غەرب ئىنسان ھەقلىرى، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاتارلىق قىممەت قاراشلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە چىقالمىدى.

ئەمما، بايدىننىڭ پرېزىدېنت سايلىمدا غەلىبە قىلىشى، (نەتىجە رەسمىي ئېلان قىلىنمىدى، ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن) ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئامېرىكا ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئۈمىد پەيدا قىلدى. غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى ، ئىنسان ھەقلىرى، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك قاتارلىق قىممەت قاراشلىرى ، دېموكراتىيەگە بولغان پوزىتسىيەسىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. خىتاينى بۇ قىممەت قاراشلارنى قوبۇل قىلغۇزۇشنىڭ ئانچە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا شۇنداقلا خىتايغا قارىتا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن مۇھىم بىر پۇرسەت دېيىشكە بولىدۇ.

**2. خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ماقالىلەر چىقىرىشقا باشلىدى.**

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمەت گېزىتى بولغان خەلق گېزىتىدە« دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرا يولدا مېڭىش» ،« دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا گۈزەل بىر رەسىم سىزىش» «دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا گۈزەل كارتا سىزىش» قاتارلىق ئۈچ ماقالە ئېلان قىلىندى.[15]

ماقالىلەردە، خىتاينىڭ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتىكى ئۇتۇقلىرى،كومپارتىيە ۋە شى جىنپىڭنىڭ بۇ ھەقتىكى نەتىجىلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيتى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىندى. ئەسلىدە شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا بۇنداق ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يېقىندىن بۇيان دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ كۆپ تەكىتلىنىشىنى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي، دۆلەت ئىچى سىرتىدا نۇرغۇن قانۇنسىزلىق،يولسىزلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچىدە، دىنىي ئەركىنلىك، سۆز،ئاخبارات ئەركىنلىكى، تىل ـ مەدەنىيەت ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ۋە شى جىنپىڭغا قارشى تۇرغانلارنى ۋە نارازى بولغانلارنى باستۇرۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت، تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق باھانىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ئەڭ مۇھىمى بۇ خىتاي كومپارتىيەسى ۋە شى

[15] 黄庆畅、徐 隽、张 璁、倪 弋、<把牢法治中国正确航向（全面依法治国新成就）>、人民日报、 2020年11月13日、 第07版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-11/13/nw.D110000renmrb_20201113_1-07.htm 、 <法治中国舒展美好画卷（全面依法治国新成就）>、 人民日报、 2020年11月14日、第01版、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-11/14/nw.D110000renmrb_20201114_4-01.htm、<打造法治中国亮丽名片（全面依法治国新成就）>、人民日报、 2020年11月15日、 第02版 、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-11/15/nw.D110000renmrb_20201115_2-02.htm

جىنپىڭنى قوغداش، ئىنسانلىققا قارشى جىنايەت  قاتارلىق قىلمىشلىرىنى «دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» قالپىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىپ، بۇ جىنايەتلىرىنى قانۇني ئاساسقا ئىگە قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرى خىتاينىڭ ئۆز قانۇنلىرى ۋە بەزى خەلقئارا قانۇن ۋە شەرتنامىلەرگىمۇ خىلاپتۇر.  خىتاي داۋاملىق ئۆزىگە پايدىلىق بولغان قانۇنلارنى تەكشىلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا تەشۋىق قىلماقتا. ئەمما ئۆز مەنپەئەتىگە قارشى بولغان قانۇنلار ۋە شەرتنامىلەرنى، خەلقئارا سوتنىڭ قارارىنى تونۇمايۋاتىدۇ. بۇ قىلمىشلار،غەرب ۋە رايون دۆلەتلىرىنىڭ ئەندىشىسى، نارازىلىقىنى قوزغىماقتا.

**3. خىتاي قانۇنچىلىق خەلقئارا مۇنبىرى باياناتنامىسى ئېلان قىلىندى.**

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خىتاي قانۇن جەمئىيتى بېيجىڭدا خىتاي قانۇنچىلىق خەلقئارا مۇنبىرى ئۆتكۈزدى ۋە مۇنبەردىن كېيىن باياننامە ئېلان قىلىندى[16].

باياننامەدە خىتاينىڭ «يېڭى يىپەك يولى» پىلانى ئاساسىدا،پىلانغا قېتىلغان دۆلەتلەر بىلەن بىللە خەلقئارالىق سودا ـ تىجارەت قانۇنى ۋە تۈزۈمى قۇرۇپ چىقىشقا كۈچەيدىغانلىقى، خەلقئارا سودا ماجىرالىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەل قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىدىغانلىقى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىندى. يەنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي، «يېڭى يىپەك يولى» پىلانى ئاساسىدا خىتاينىڭ تىجارەت قانۇنى ۋە تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى ۋە بۇنىڭ داۋامىدا خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سىياسىي

[16] <中国法治国际论坛北京宣言>、 新华网、 2020年11月13日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-11/13/c_1126738029.htm

سەھنىدە خىتاي سىستېمىسىنى ئورنىتىشنىڭ قەدىمىنى ئالماقتا.

خىتاي، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئورنىغا خىرىس قىلىپ، خىتاي مەركەزلىك يېڭى دۇنيا سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپى بولغان ئىقتىساد بۇ خىيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. «يېڭى يىپەك يولى» پىلانى بولسا بۇ خىيالنىڭ ئەڭ مۇھىم قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. خىتاينىڭ بۇ قەدەملىرى ئامېرىكا ۋە بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. خىتاينىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بۇ پىلان خىتاينىڭ رىقابەتچىلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم. يەنى، خىتاينىڭ بۇ پىلاننى توسۇپ قىلىش خىتاينى تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شەرقىي تۈركىستان بۇ پىلاننىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ.

## تەكلىپ – تەۋسىيەلەر

1. شەرقىي تۈركىستانلىق تەشكىلاتلار ۋە زىيالىيلار شىياڭگاڭ مەسلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ كۈنتەرتىپكە ئەكېلىشكە تىرىشىشى كېرەك. غەرب ئەللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە شىياڭگاڭ،تىبەت، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك.

2. خىتاينىڭ ئۆز قانۇنى ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىيلىققا قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە بۇنى « دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىسمى بىلەن پەردازلاشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، قانۇنچىلار، بۇ قانۇنلارنى تەتقىق قىلىپ ماددا ماددا

خىتاينىڭ قانۇنسىزلىق قىلمىشلىرىنى خەلقئارالىق ئۆلچەم بىلەن بېكىتىپ چىقىشى لازىم. سىياسەتشۇناسلار،تارىخچىلار خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، خىتاينىڭ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش يالغىنىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە بۇ ھەقتە ماقالە، دوكلاتلارنى تەييارلىشى كېرەك.

3. خىتاينىڭ «يېڭى يىپەك يولى» پىلانىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇش ۋە بۇ پىلانىنىڭ تەرەققىياتلىرىنى، خىتاينىڭ غەرىزىنى مېدىيالاردا پاكىت بىلەن تارقىتىش كېرەك.

ھازىر، داۋانىڭ كەسپىيلىشىشىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى كۆندىن كۆنگە بىلىنمەكتە. يۇقىرىدا دېيىلگەن بەزى ئىشلارنى قىلىشتا، شۇ ساھەدە خەلقئارالىق سەۋىيەدە يېتىشكەن ئادەملىرىمىز بولۇشى كېرەك. تەشكىلاتلار ئىمكانىنىڭ يار بېرىشىچە بىر تۈركۈم ياشلارنى تاللاپ ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان بىلەن بۇلارنى ئۆز كەسپى بويىچە يېتىشتۈرۈشكە كۈچىشى كېرەك.